

# يالماۋۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يالماۋۇز



ملله‌تله‌ر نه‌شریاتی
بیيجن - 1957

# كىرىش سوز

«يالماۋۇز» ـ خىلۇڭجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سۇيجى ئوپ ـ چورىسىدىكى خەلق ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەردىكى چوچەك بولۇپ، بۇ چوچەك سادىق، ئاق كۆڭۈل يۇيدۇ دېگەن ژىگىتنىڭ مۇھەببەت ۋە بەخت يولىدا مىڭبىر جاپالارنى چېكىپ، ئاخىرى يالماۋۇزنىڭ قىلىچىنى قولىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە مەشۇقى شىفۇڭنى يالماۋۇزنىڭ قوللۇغىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ چوچەك يۇيدۇنىڭ سادىق، باتۇر ۋە چىداملىق پەزىلىتىنى ھەم ئەمگەكچىلەرنىڭ بەختلىك ھاياتقا بولغان ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



بۇرۇن زامان ئورمانلىقنىڭ يېنىدا
بار ئىكەن بىر يېزا،
بۇ يېزا ياش ئوتۇنچى
يۈي دۇنىڭ يۇرتى ئىكەن.
ئوتۇنچى بۇ ياش بالا
ئەمگەكچى ھەم باتۇر كەن،
ھاياتقا ئۇ ھەم
چوڭ ئۈمىتلىك قارار ئىكەن.



بىر كۈنى ئۇ، سەھەردە
يول سىلىپتۇ ئورمانغا،
بارماق ئىكەن مەخسىتى
جاڭگاللىكى ئوتۇنغا.
كېتىۋاتسا، ئۇشتۇمتۇت
ئالدىدىن ئوت چاقناپتۇ،
بۇ نىمە دەپ قارىسا
توشقان قېچىپتۇ ئورمانانغا.



تۇتماق بولۇپ توشقاننى
ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ،
قوغلا ـ قوغلا توشقاننى
كېلىپ قاپتۇ قىرغاققا.
ئەندى تۇتتۇم سېنى دەپ
قول ئۇزاتسا توشقانغا،
ئۈشتۈمتۇتلا ئاق توشقان
ئـوتۇۋاپتۇ ئۇ قاتقا.



توشقان ئوتۇپ ئۇقاتقا
زاڭلىق قىپتۇ يۈيدۈنى،
ئاچچىغى كېلىپ يۈيدۈنىڭ
ئېتىپتۇ كايىپ پالتىنى.
پالتا تەگمەي توشقانغا
چۈشۈپ كېتىپتۇ ئۇستەڭگە،
كوزنى ژۈمۈپ ئاچقىچە
كورالماپتۇ توشقاننى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



پالتىسىدىن ئايرىلىپ
تۇرۇپ قاپتۇ ئويلۇنۇپ،
سۇ پىرىدىن پالتىنى
تەلەپ قىپتۇ يالۋۇرۇپ.
شۇ ۋاخت سۇ يۇزىدە
پەيدا بوپتۇ بىر قاينام،
ۋال-ۋال قىلىپ بىرنەرسە
چىقىپتۇ سۇدىن ئۇرغۇپ.



يۇيدۇ ئېلىپ قارىسا ئاي
پالتىكەن ئۇ نەرسە،
ئۇيلاپ بېقىپ دەپتۇ ئۇ:
«مېنىڭ ئەمەس بۇ پالتا...»
بىكاغا كەلگەن پالتىنى
ئالغىسى كەلمەي يۇيدۇنىڭ،
تاشلىۋېتىپتۇ يىقىرتىپ
كۆڭلى كوتەمەي ژىراققا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



ئۇزۇن ئۆتمەي ئارىدىن
كۈمۈش پالتا چىقىپتۇ،
كۆڭلى كۆتەرمەي يۈيدۈنىڭ
بۇنىمۇ تاشلاپتۇ سۇغا.
ئىچىدە دەپتۇ - ئۇ بالا:
«پىرىم سىناپ باقماقچى،
ئۆلۈپ كەتسەم ئالماسمەن
پۇتمىگەندۇر رىسقىمغا».



بىر دەمدىلا ئۇستەڭدىن
ئۆزۈپ كەپتۇ تاشپاقا،
باش لىڭشىتىپ ئۇزىچە
دەپتۇ ئاستا تاشپاقا.
تاشپاقىنىڭ سۆزىنى
چۈشەنمەستىن ياش بالا،
ھودۇققانچە يۈگۈرۈپ
قېچىپتۇ جاڭگاللىققا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

«ئالغىن بالا پالتاڭنى!»
دېگەن ئاۋاز ياڭراپتۇ.
يۈيدۇشۇ ئان قايرىلىپ
ئارقىسىغا قاراپتۇ.
بۇ نىمە دۇر «كارامەت»
كورۇنمەپتۇ تاشپاقە،
ئۇدۇلىدا بىر بوۋاي
شۇئان پەيدا بولۇپتۇ.



يۇيدۇ ئويلاپتۇ ئىچىدە:

«سۇ پەرى بولسا كېرەك،

هەربىر مېڭىش، تۇرۇشى

ئەدەپلىككەن بوۋاينىڭ.

يۇيدۇ سالام بېرىپتۇ

بوۋايدىن ئەھۋال سوراپ،

بۇ بالىنى بىر كۆرۈپ

رەھمى كەپتۇ بوۋاينىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى



بوۋاي ئاپتۇ قوينىدىن
پالتا بىلەن ساندۇقنى،
دەپتۇ: ئالغىن بولارنى
ئاتا قىلدىم بەختىنى.
كىچىدە چىكسەن ساندۇقنى
ئارتۇق ئەمەس ئۈچ مەررە.
تىلىگىڭمۇ بولۇدۇ
دەرھال بىجا شۇ يەردە»



بوۋاي سوزنى تۈگۈتۈپ
غايىپ بوپتۇ تۆتەكتە،
ئېلىپ ساندۇق، پالتىنى
بالا ئۆيگە كېتىپتۇ.
ئېھتىيات بىلەن ساندۇقنى
قويۇپ كەچتە بېشىغا،
قېنى - قېنىغا پاتماستىن
يۈيدۇ خوشال يېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



كېچىدە يۇيدۇ ساندۇقنى
چەككەن ئۈچ قېتىم،
چىقىپتۇ شۇئان ساندۇقتىن
چىرايلىق بىر ئاق توشقان.
تۇتۇش ئۈچۈن توشقاننى
ئۆمىلۈپتۇ دەل شۇئان،
پەرىزاتقا بىردىنلا
ئايلىنىپتۇ ئاق توشقان.



بۇنى كورگەن ياش بالا
بولۇپتۇ شۇئان ھاڭ-تاڭ،
دەپتۇ قىز: «ئېتىم شى فۇڭ،
دادام سۇلارنىڭ پىرى.
دادام مېنى بەرمەكچى
سىزدەك ئىشچان باتۇرغا،
ئەمما مېنى قەسلەيتتى
يالماۋۇز دەججالقىرى.

www.uyghurkitap.com



قىز سۆزىنى تۈگەتمەي

چىقىپتۇ بىردىن قارا بوران،

يەر - جاھاننى قاپلاپتۇ

زۇلمەتتىبلىك - قارا تۇن.

«قۇتۇلدۇر ئاكا، مېنى!» دەپ

شۇئان چىقىپتۇ بىر ئاۋاز،

ئايدەك گۈزەل پەرىزات

غايىپ بوپتۇ شۇزامان.



يۇيدۇ قورقۇپ ھەيراندا:
بۇ نىمەدۇر ـ كارامەت،
بىر جاراڭلاپ ساندۇقتىن
چىقىپتۇ ئاۋاز ساداسى:
«تاپ يالماۋۇز قىلىچىن
قاراپ! تۇرماي چاپسان بول،
ئۇتكىن بالا جاڭگاللىن
يارنى دىسەڭ بول ھىزى.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دەپتۇ يۈيدۈ تاڭ سەھەر
ئۈگىز تاققا يول سىلىپ.
«تېپىپ ئالسام قىلىچنى
قۇتقۇزۇمەن يارىمنى.»
ئوچى بوۋاي رەھمى كىلىپ
يول كورسۇتۇپتۇ يۈيدۈغا:
«مۇنداق ماڭساڭ ئاشسەن
جاڭگال بىلەن ھەم داۋان.»



«مېڭىۋەسەڭ ئالدىڭدا
ئۇچۇرىتارسەن بىر غارنى
غارنىڭ ئىچى يەنە غار
كۆلى بازدۇر سۈپ-سۈزۈك.
كۆل بويىدا بىر موماي
- چاق ئېگىرىپ ئولتۇرۇر،
سورىساڭ بالا ئۇنىڭدىن
رازى قىلۇر ئۇتۇزۈك.



مېڭىپتۇ بالا تىنماستىن

ئۇسسۇغاندا سۇ ئىچىپ،

قۇرسىغى ئاچسا مىۋە يەپ

ھارسا بىردەم ـ دەم ئىلىپ.

ئۇچۇراپتۇ بىر ئېگىز تاغ

توسالماپتۇ بالىنى،

داۋانلارنى ئېشىپتۇ

ژىلتىزلارغا يامىشىپ.



مىڭبىر تەستە يامىشىپ
چىقىپتۇ تاغ ئۈستىگە،
تاغنىڭ ئۈستى ئازادە
ئۈچ-قىرى كورۈنمەپتۇ.
هاردۇق ئالماق ئۈچۈن ئۇ
كوك ,مايسىدا يېتىپتۇ،
«ئىستە كىلىرىم بوپ قالار»
دەپ ياش بالا ئويلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كىممۇ بىلسۇن بۇ ئىشنى
يالماۋۇزنىڭ مىكرىنى،
ياش بالىغا قەست قىلىپ
تاغدىن يولۋاس چىقىپتۇ.
ھەيۋە قىلىپ ئۇ يولۋاس
پەيدا قىپتۇ سوغ بوران،
يۈيدۇ بۇندىن سەسكىنىپ
دەس ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.



يولۋاس بارچە كۇچ بىلەن

ئوقتەك ئېتىلىپتۇ بالىغا،

بالا چېپىپتۇ پالتىنى

تاغىل يولۋاس بېشىغا.

ھەيۋەتلىك بۇ يولۋاسنىڭ

كۇچى يەتمەپتۇ يۇيدۇغا،

ئۇچەي- قارنى يولۋاسنىڭ

چۇگۇلۇپتۇ جاڭگالغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىنى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



بۇنى كورۇپ يالماۋۇز
غەزىۋى كەپتۇ بالىغا،
ئاچچىغىدا يالماۋۇز
يەرنى كەلتۇرۇپ زىلزىلىگە.
ھىچ گۇناسىز يۈي‌دۇنى
غەرق قىلىپتۇ دەرياغا،
قىرغاققا چىقىش كويىدا
يۈي‌دۇ ئىزدەپتۇ بىر چارە.



دەل شۇ چاغدا يۇيدۇغا
مەدەت بىرىپتۇ سۇ پىرى،
چىقىرىپ بالىنى قىرغاققا
ساقلاپ قاپتۇ شۇ ئاندا.
يۇيدۇ كېلىپ ھوشىغا
— قاراپ باقسا ھەريانغا،
يەر جاھاندۇر قاپقارا
شىپ-شىر ژۇلتۇز ئاسماندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەنە تۇرۇپ ئورنىدىن
چىقىپتۇ يامىشىپ تىك تاققا،
كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز
يەنە بىر غارغا يولۇقۇپتۇ.
سوزىنى ئوچى بوۋاينىڭ
كەلتۇرۇپ يۇيدۇ يادىغا،
مەدەت كىرىپ يۇيدۇغا
غار ئىچىگە مېڭىپتۇ.



بىر ھازالار يول مېڭىپ
چىقىپتۇ بالا تالاغا،
كول بويىدا بىر موماي
ئولتۇرغىنىدەك ژىپ ئېگىرىپ.
تازىم قىلىپ مومايغا
سوراپتۇ بالا قىلىچنى،
رەھمى كېلىپ مومايىنىڭ
بېرىپتۇ ھەممىنى ئېيتىپ.

www.uyghurkitap.com



سوزى بىلەن موماينىڭ
چۇشۇپتۇ بالا كول ئاستىغا،
شۇنداق قارىسا كورىدى!
ئالتۇن بىلىق تۇرۇپتۇ.
تەخىر قىلماي بۇ بالا
يېرىپتۇ بىلىق قارنىنى،
بالا بىلىق قارنىدىن
ئالتۇن ئاچقۇچ ئېلىپتۇ.



خوشاللىقتا بۇ بالا
شۇڭغۇپتۇ يەنە قىرغاققا،
چىقسا يەنە قىرغاققا
ئولتۇرغىدەك بۇ مۇماي.
موماي يولنى كورسۇتۇپ
دەپتۇ بالام ئاڭلىغىن:
يولۇڭ بولسۇن ياش بالا
تاپقىن يارىڭ ھولۇقماي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەگرى - توقاي يول كېزىپ
بىر مەنزىلگە يەتكەندە،
تاغ ئۈستىدىن ئاڭلانغان
موڭلۇق ناخشا ساداسى.
يۈيدۈ چىقىپ چوققىغا
كىرسە ئىگىز راۋاققا،
سۇلاپ قويۇپتۇ يالماۋۇز
شىفۇڭ دېگەن گۈزەلنى.



كورۇشۇپتۇ باشقىلىن
بولار ھورمەت قىلىشىپ،
بىر-بىرىنى كورۇشۇپ
تولۇپتۇ ژۇرۇگى شاتلىققا
كوز ياشلىرىنى توكۇشۇپ
مۇڭدۇشۇپتۇ ئىككىسى:
قانداق جۇدا بولدۇق بىز
تەغىرمۇدۇ بۇ باشقا؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دەپتۇ شى فۇڭ: «يالماۋۇز
زورلاپ ئالماق ئەمرىگە،
كۈندىقىناپ بى رەھىم
ئارام بەرمەي جىنىمغا.
ئاچلىق، قىيىن ـ قىستاقتا
چىداپ كەلدىم شۇ چاققا،
سەن يارىمنى كەلسە دەپ
تىكتىم كۆزۈم يولۇڭغا».



ئۇچى ئاغرىپ يۇيدۇنىڭ
ھەيران بوپتۇ يارىغا،
قوزغۇلۇپتۇ دۇشمەنگە
غەزەپ ئوتى شۇ زامان.
دەپتۇ يۇيدۇ: «سىز ئۇچۇن
نى جاپالار چەكتىم مەن،
قۇتۇلدۇراي سىز يارنى
يەكسەن قىلاي ئۇنى مەن!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلگى ئادرېسى



ئاشىق بىلەن مەشۇقلار
مېڭىپتۇ تاغدا مۇڭدۇشۇپ،
دەپتۇ بولار ئىككىسى:
«قوققان بىلەن ئىش پۈتمەس.»
بىر ـ بىرىگە بېرىشىپ
غەيرەت بىلەن جاسارەت،
ماڭا ـ ماڭا كەپقاپتۇ
يەنە بىر غارغا دەس.



يالماۋۇزنىڭ قىلىچى
مۇشۇ غاردا ئىكەندۇك،
ئەپتى ـ ئەلەس ئالۋاستى
قارايدىكەن قىلىچقا.
يوشۇرۇپتۇ يۈيدۇ شىفۇڭنى
كىشى كورمەس داللىغا،
بىلىگىنى شىمەيلەپ
ئوتۇپتۇ بالا ھۇجۇمغا



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەپتى-ئەلەس ئالۋاستى
غاردىن زادى چىقماپتۇ،
يۇيدۇ ئاخر ئازدۇرۇپ
چقرىپتۇ تالاغا.
پالتا بلەن بر چپىپ
ئۇلتۇرۇپتۇ ئالۋاستنى،
بۇ يەردكى كالتە جەڭ
تۇگەپتۇ ئاخر مەڭگۇگە.



يۈيدۈ كىرىپ بۇ غارغا
تېپىپتۇ ئىزدەپ قىلىچنى،
يەنە ئىزدەپ بىر يەردىن
يالماۋۇزنىمۇ تېپىپتۇ.
غەزەپلىنىپ يالماۋۇز
ئوت پۈركۈپتۇ يۈيدۈغا،
يۈيدۈ دەللەپ قىلىچنى
يالماۋۇزغا سېلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندىسى



دەل شۇ چاغنىڭ ئۇزىدە
شەرقتىن چىقىپتۇ بىر قۇياش،
يۇي دۇ - شى فۇك ئىككىسى
بىللە ئېيتىپتۇ ناخشىنى:
«مانا بۇگۈن ئەشەددى
يالماۋۇزنى يوقاتتۇق»
«ئۇزىمىزگە ئۇزىمىز
ئاپتۇق كەڭتاشا بەختنى!»

بۇ كىتاپ چاۋخۇا سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956 - يىلى
ئاپرىلدا بېيجىڭدە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى
باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据朝花美术出版社1956年4月第一版第一次印刷版本譯出 ·

كىتاپ نومېرى: 1282(4)276

# يالماۋۇز

ئاۋتورى: فاڭ يىن.
رەسسام: ۋاڭ جۇ گىچىڭ.
ئۆزگەرتىپ يازغۇچى: خۇاڭشۇگىرۇي.
تەرجىمە قىلغۇچى: مەخسۇت ھېيت ۋە قاسىم ئارىشۇ.
مەسئۇل مۇھەررىرى: ھ. كەنجىيېۋ.
كوررېكتورى: ھ. كەنجىيېۋ.
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.
ئادرېس: بېيجىن گوزىجېن 54 - قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن - 047».
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.
جىنخۇا مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1957 - يىلى ئاۋغۇستتا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1957 - يىلى ئاۋغۇستتا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
فورمات: 787×1092 م.م. ھەجمى $\frac{1}{50}$. $\frac{5}{6}$ باسما تاۋاق.
تىرازى: 1-10700. باھاسى: 9 پۇڭ.
بىرلەشمە نومېرى: 8049M ئۇيغۇرچە 73.

www.uyghurkitap.com

書號：1282(4)276

誅魔記

（維吾尔文）

方 殷著

王仲清絵图

买合苏提·哈斯木合譯

哈米提校訂

哈米提校对

民族出版社出版

地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠排版

京华胶印廠印刷

新华書店发行

1957年8月北京第一版

1957年8月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/50 印張 [illegible]

印數：1—10,700冊 定價：九分

統一書号：M8049·維73